ئەمىنە شەنلىك (تۈركىيە)

# ئاياللارنى ئاياللارمۇ ئېزىدۇ



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تەرجىمە قىلغۇچىلار: رۇقىيە ئاخۇنباي
گۈزەلنۇر شەمشىدىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

女人也会压迫女人/(土)山里克著;肉克亚·阿洪巴依,古扎丽努尔·夏木西丁译. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.4

ISBN 7-228-07948-5

Ⅰ.女… Ⅱ.①山… ②肉… ③古… Ⅲ.长篇小说—土耳其—现代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I374.45

中国版本图书馆CIP数据核字(2003)第024026号

责任编辑:玛丽亚木·买买提明
责任校对:阿达来提·买合苏提
封面设计:艾克拜尔·萨力

# 女人也会压迫女人 (维吾尔文)

艾米娜·山里克 著 (土耳其)
肉克亚·阿洪巴依,古扎丽努尔·夏木西丁 译

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
新疆乌鲁木齐隆益达印务有限公司印刷
850×1168毫米 32开本 8.5印张
2003年4月第1版 2003年4月第1次印刷
印数:1—3,000

ISBN 7-228-07948-5 定价:13.00元

بۇ كىتاب تۈركىيە مەكتۇپ نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1997 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据土耳其书信出版社1997年1月第1版,1997年12月第1次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىر: مەريەم مەمتىمىن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
مەسئۇل كوررېكتور: ئادالەت مەخسۇت

# ئايالالارنى ئايالالارمۇ ئېزىدۇ

ئاپتورى: ئەمىنە شەنلىك (تۈركىيە)

تەرجىمە قىلغۇچى: رۇقىيە ئاخۇنباي
گۈزەلنۇر شەمشىدىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى لوگىيدا مەتبەئە ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم، 1/32 باسما تاۋىقى: 8.5
2003 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ISBN 7—228—07948—5
باھاسى 13.00 يۈەن

# قىسقىچە مەزمۇنى

مەزبەت خاسىم بىلىملىك، ئەخلاقلىق، نومۇسلۇق، ئائىلىسىگە سادىق، قىزىغا مېھرىبان بىر ئايال. ئۇنىڭغا يەتتە يىل ئاشىق بولۇپ، ئاران ئېرىشكەن ئېرى ئەلى بەي پۇلىنىڭ كۆپىيىشى، ئىناۋىتىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن مەغرۇرلىنىپ، باشقا بىر ئايالنى تېپىۋېلىپ، مەزبەتنى قاتتىق خورلايدۇ، ھاقارەتلەيدۇ. ئائىلىسىنى ساقلاپ قېلىش، قىزىنى يېتىم قىلماسلىق ئۈچۈن مەزبەت ئۈچ يىل تاقەت قىلغاندىن كېيىن، خورلۇققا چىدىماي قىزىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭكىگىمۇ بارماي مۇستەقىل ياشايدۇ. بېگى ئۆيىدە ئۇ قوشنا بىنادا تۇرىدىغان ئېرىنىڭ دوستى مالىك بەي بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئارىلىشىش جەريانىدا ئېتىبارسىز مالىك بەينى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. ئائىلىگە خىزمەت قىلىش ئۇيۇشمىسىدا ئىشلەپ، نۇرغۇن ئاياللار، قىزلار، ئەرلەرنىڭ تۈرلۈك ئائىلىۋى مەسىلىلىرىنى ھەرخىل ئامال ـ چارىلەر بىلەن مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلغان مەربيەت ئۆزىنىڭ بۇ ئىشىدىن بەكمۇ نومۇس قىلىدۇ، خىجىل بولىدۇ. مەن ئېرىمدىن قاتتىق خورلۇق تارتقان ئايال تۇرۇپ، بەختلىك ئائىلىسى بۇزۇپ، باشقا بىر ئايالنى يىغلاتسام، قاقشاتسام بولمايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۆز ھېسسىياتى بىلەن قاتتىق كۈرەش قىلىدۇ. بۇ جەرياندا، مالىك بەي ۋە خىزمەتداشلىرى، دوستلىرىنىڭ چەكسىز كۆيۈنۈشىگە، ياردىمىگە ئېرىشىپ ئاخىر ئەقلى، دىيانىتى، ئىرادىسى بىلەن ھېسسىياتى ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ.

ئەلى بەي ئايالىنىڭ ئاجرىشىشقا قوشۇلغانلىق خۇش خەۋىرىنى ئاشنىسىغا يەتكۈزگەندە، ئاشنىسىدىن، ماڭا ئۆمۈرلۈك ئەر كېرەك ئەمەس، سەن ماڭا ھەپتىلىك ئەر بولساڭ، پۇلنى جىق بېرىپ، تۇرمۇشۇمنى ياشاپ قىلساڭ، دېگەن تەلەپنى ئاڭلاپ، ئاسماندىن يەرگە



此为试读, 需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

چۈشكەندەك بولىدۇ، ئىسسىق ئەرەپلىسىدۇ ـ دە، ئۇ ئائالدىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ. مۇشۇنداق بىر بومۇسسىر ئائالى دەپ، ئۆزى سۆيگەن، ئۆزىگە ساداقەتمەن ئائالىغا ئۈچ يىل ئىغىر زۇلۇم سېلىپ، ئۇنى قايتا خورلىغانلىقىغا ياھاسى ئۆكۈنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئائالدىن قايتا ـ قايتا كەچۈرۈم سورايدۇ. گۈزەل، ساداقەتمەن ئائالى، ئۇماق قىزى بىلەن خەم بولىدىغان يىپى ئۈزمۈشقا يەلپۈنىدۇ.

ئەسەردە ئاياللارنىڭ، قىزلارنىڭ ئۆز ھىسسىياتىغا بېرىلىپ باشقا ئاياللارنى، سەبىي باللارنى قاقشىتىپ، ئەرلەرنى نارىسۇالىدىغانلىقى، قىساسلارنىڭ كېلىنگە، كېلىنلەرنىڭ قېينانىسى، ئانىلىرىغا زۇلۇم سېلىپ، ئۇلارنىڭ دىلىنى ئاغرىتىدىغانلىقى بىگىنچە قاراش ۋە يۈزنىسىنەرلەر بىلەن تەھلىل قىلىنغان. كۆڭۈلنىڭ كەيىنگە كىرمەي ئائالى، بالىلىرىغا سادىق بولۇپ، خەمىشە باخشى يەسىر قالدۇرۇۋاتقان ئەرلەر، ئاياللارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئېچىپ بېرىلگەن. خەمىشە ھازىر كۆپ ـ رەك كۆرۈلۈۋاتقان نىكاھ، ئائىلە مەسىلىلىرىدىكى ھەرخىل قاراشلار ئە ـ ھالىي ھالدا ئوبرازغا قويۇلۇپ، يۈنى يۈرەشنىڭ، ئائىلە ئىناقلىقى، خەمىشەن بەرتىپنى ياخشىلاشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

ئەسەرنىڭ تىلى راۋان، چۈشىنىشلىك، ۋەقەلىكى ناھايىتى قىز ـ غىرلىق بولۇپ، ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

# مۇندەرىجە

غۇرۇر جىگى ........................................................ 1
دوستىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەش ........................................ 15
ئۈمىد يوق بولسا..................................................20
ئادەمدەك ........................................................ 30
كۈن تۇغماستا نېمىلەر تۇغۇلمايدۇ .................................. 44
باللار چوڭقۇر ئويلايدۇ ......................................... 59
ئادالەت ئۆلسە ..................................................67
سۆسۈن دۇنيا ...................................................... 110
ئۆزگەرگەن ئىنسان ................................................126
ئاشقلىق ۋە ئۇقۇشماسلىق ............................................ 178
قەلب ئىزھارى ...................................................185
ئەخلاق ـ پەزىلەت ................................................ 201
قايسىسىنىڭ توغرا ؟................................................222
قەلىندەرنىڭ تونۇش ................................................226
ئۈمىد ... .......................................................... 240
مەن دەككە ـ دۈككىدە ............................................. 260

# غۇرۇر جېڭى

— مەرىبەت توختا! ئۆرۈكنى ئالما، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋې‌لىش گۇناھدۇر.

تېك ھاڭدىن ئۆزىنى پەسكە ئاتماقچى بولۇپ تۇرغان مەرىيەت كۆزىدىن ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى ئىچىگە يۇتۇشقا تىرىشىپ دوستى ھەبىبەگە قارىدى:

— مېنى قويۇپ بەر ھەبىبە، قويۇۋەت. ئەمدى ياشاشنى خالى‌مايمەن. مەن ئائىلەم بار بىر ئايال تۇرۇپ باشقا بىرسىگە ئاشىق بولۇپ قالدىم. مەن بۇنى كۆتۈرەلمەيمەن. ئىززىتىمگە داغ چۈشتى. شەرىپىمگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغان بولدى.

ھەبىبە خانىم گۆگۈم قاراڭغۇلۇقىدا دوستىنىڭ تۇرىنى ئاران كۆ‌رەتتى ۋە يالۋۇراتتى:

— سەن ھازىر ئۆلۈۋالساڭ، باۋۇنۇڭ تېخى گۆرگە كىرمەي تۇ‌رۇپ ئۇ دۇنياغا كېتىسەن. ئۇ يەردە ئاراىس قوبۇلۇپ راھەتكە چىقىمەن دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ قويە بولدى. بىر خاتالىقنى تۈرەنكەنگە ئوخشاش ئۇ ئاشقىنى ۋاز كېچەرسەن. ئىنسان كەمچىلىكسىز بولمايدۇ.

مەرىيەت بىلەن ھەبىبە خانىمنىڭ ئارىسىدا 5 — 6 مېتىر ئارىلىق بار ئىدى. ھەبىبە مەرىيەتكە يېقىنلىشىش ئۈچۈن بىرقەدەم تاشلاندى، مەرىيەت ساراڭدەك ۋارقىراشقا باشلىدى:

— يېقىنلاشما! . . . بەبە بىر قەدەم يېقىن كېلىدىغان بولساڭ دەرھال ئۆزۈمنى ئاتىمەن. ياشاۋاتقان تۇ ھاياتىمدىن، تۇر تىرىۋاتقان تۇ ئىنسلاردىن نومۇس ھېس قىلىمەن. ئەتەكىنىكى ئەكسىمگىمۇ قارىيالماس بولۇپ قالدىم. بالامغا قارىسامۇ خىجىل بولىمەن.

— توختا، گېپىمنى ئاڭلا مەرىيەت. ھېچبولمىسا بىردەم سۆزلە‌شىۋالايلى، — دېدى ھەبىبە.

قانغا تولۇپ چاناقلىرىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇرغان مەر-
ھەمەتنىڭ كۆزلىرى غەزەپ بىلەن ھەسەنگە قارايتتى. تۇرقىدىن ئۇ خۇددى
ساراڭغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ قاراشلاردىن ھەسەن ساراسىمىگە
چۈشتى، مەرھەمەت خۇددى ھەسەننى بارلىق ئۇۋىدىن ئېسىرىۋېتىشنى
پىلانلاۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ھەسەن تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى ۋە:
— ۋاي! ماڭا بۇنداق قارىما مەرھەمەت، ئۆزۈڭگە كەل. سەن
ساراڭ بولۇپ قېلىۋاتامسەن؟ ساڭا ئوخشاش ئەقلى-ھوشى جايىدا بىر
ئايال مۇشۇنداق قىلامدۇ؟ سەن ھەمىشە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش تېخىمۇ
ئېغىر گۇناھ دەيسىڭغۇ؟ ئەقلى-ھوشى جايىدا، ساق-سالامەت بىر
ئادەم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسا، ئۇنىڭ جىنازا نامىزىمۇ چۈشۈرۈلمەيدىغانلى-
قىنى بىلمەسەنغۇ؟ ھەم شېرىكىڭنى، ھەم ئۆلۈكىڭنى يەرلىك قىلماقچىمۇ-
سەن؟ بۇ ئىشتىن ۋازكەچ مەرھەمەت. قارا، بۇ تاغدا ئىككىمىزلا قالدۇق.
تۇرىۋەرسەك بۇ يەردە بىرنى ياۋايى ھايۋانلار يەپ كېتىدۇ. تۇر، كې-
تەيلى، قىزىڭ سېنى ئىزدەۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا قانداق چىدايسەن، قىزىڭغا
ئىچىڭ ئاغرىسۇن، — دەپ ھەم تەسەللى قىلاتتى، ھەم يالۋۇراتتى.
— ۋاي، ۋاي! ھېچكىمنى ئويلىغۇدەك ھالىم يوق. مەن ئائىلەم
بار بىر ئايال تۇرۇپ مۇنداق بىر يامان كۈنگە چۈشمەسلىكىم كېرەك
ئىدى... مەن قەلبىمگە بىڭىلمەسلىكىم كېرەك ئىدى.
مەرھەمەتنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان بولۇپ، بۇ چاچلار ئۇنىڭ يۈ-
زىگە چۈشۈپ، يۈزىنى كۆرگىلى بولمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغا-
نىدى.
بۇ ئەھۋالنى پۇرسەت دەپ بىلگەن ھەسەن مەرھەمەتكە يېقىنلاش-
ماقچى بولۇپ مېڭىشىغا ئۇنى مەرھەمەت كۆرۈپ قالدى ۋە ئەتراپىكى
تاغلاردىن ئەكس سادا ياڭرىغۇدەك ئاۋازدا ۋارقىرىدى:
— كەلمە، ئە... كەلمە...
مەرھەمەت ئۆزىنى ھاڭغا ئاتتى.
ئاخىرقى سۆزلىرىنى ھاڭدىن پەسكە چۈشۈپ كېتىۋېتىپ
تەكرارلايتتى:
— مەن ئۈچۈن دۇئا قىل.

ھەسسە خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپتى .

مەريەم بۇ دەھشەتلىك ياردىن پەسكە چۈشكەن بولۇپ ، تۇقە-رىدىن ئۇنىڭ قارىسى ئاران كۆرگىلى بولاتتى . كېيىن ھەسسە يول بى-لەن ياردىن پەسكە چۈشۈپ « ئۇ بەلكى ئۆلمىگەندۇ » دېگەن ئۈمىد بى-لەن دوستىنىڭ يېنىغا كەلدى . مەريەمنى ئىزدەپ تاپقاندا ، ئۇنىڭ تۈرى مۇشۇككە ئوخشاش قالغان بولۇپ ، ھەسسەگە قاراپ كۈلۈۋاتاتتى .

ھەسسە قورقۇنچ ئىچىدە ۋارقىراشقا باشلىدى :

— قۇتقۇرۇڭلار ! قۇتقۇرۇڭلار ! ئادەم بارمۇ ؟

بىردىنلا ياتقان يېرىدە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن مەريەم ئەتراپقا قاراپ ، چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلدى . يۈرىكى تىنىمسىز سالاتتى . ھېچقانداق قىلىپ ئۆزىگە كېلەلمەيۋاتاتتى . ئاۋۋال چىراغ يې-قىپ ئەتراپىغا قارىدى . ئەمرى ئەلى تېخى كەلمىگەن . كېچە سائەت ئۈچ بولغانىدى .

ئۇ ئاستا قىزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ ئۇنى سۆيگەندىن كېيىن ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىدى :

— خېنىم قورام ، بېشىمغا ھەر بالا كەلسىمۇ مەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈ-رۈۋالارمەنمۇ ؟ سېنى يىغلىتارمەنمۇ ؟ — چۈشىنىڭ تەسىرىدە ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى توختىماي ئاقاتتى . ئۇ يەنە ئۆز - ئۆزىگە غودۇڭشىدى :

— بۇنى ئاللادىن كۆر ئەلى . ماڭا سۆيگۈ بەرمىگىنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈل دۇنيالىرىم ، ئارزۇ - ئىستەكلىرىمگە چۈشۈمدە بولسىمۇ جاسارەت بېرىۋاتىدۇ . چۈشلىرىممۇ تولغىدەك ئەلى . . . مېنى خاراب قىلدىڭ .

ئەتىسى ئۇ كۆرگەن چۈشىنى ، بولغان ئىشلارنى دوستى ھەس-سەگە سۆزلەپ بەردى .

— بەك قورقۇپ كەتتىم . ياكى بېشىمغا بىرەر بالا - قازا كېلىۋا-تامدۇ ، قانداق دېگۈم كېلىدۇ .

ھەسسە خانىم مۇلاھىزىچى بىر خانىم ئىدى . بولۇپمۇ بەك بىلىم-لىك ، خۇراپىغا ئىشەنمەيدىغان ، تەقۋادار ، بىر ئاق كۆڭۈل ئايال ئىدى . ئۇ مەريەمگە دەرھال جاۋاب بەردى .

— بەزىدە چۈشلەر گەرچە بەك قورقۇنچلۇق بولسىمۇ ، ئەمما

چۈشىنىڭ ئەكسى ( يەتۈرى ) كىلىدۇ دېيىشىدۇ . مەزىيەت ، ئاللا ياخشىلىقىنى بىشارەت بەرگەندۇ بەلكىم ، قايغۇرما !

ھەسسە ئۇيۇشما رەئىسى ، مەريەم خانىم بولسا شەنبە كۈنلىرى ئۇيۇشمىدا كىشىلەرنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ئوچۇق - يورۇق بىر خىرمەنچى ئىدى . كاتىپ ئايشىگۈل بولسا چېچەن بىر باش قىز ئىدى . كىشىنى بەزىدە كۈلدۈرۈپ ، بەزىدە ئويغا سالىدىغان ئايشىگۈل قولىدا بىر كىتابنى كۆتۈرۈۋالغان ھالدا ئىچكىرىگە كىرىپ ھەيران قالدى ۋە :

— ھە ! سىز بۇ يەردىمىدىڭىز ؟ مەن بۇ كىتابنىڭ يازغۇچىسىغا تېلېفون قىلىپ ، بىر سوئال سورىماقچى ئىدىم ، — دېدى .

مەريەم ئايشىگۈلنى يەك باخشى كۆرەتتى . ئۇنى كۆرگەندە ئۆزىنى ئازادە ھېس قىلاتتى . ئۇنىڭغا ئىچ - ئىچىدىن ئامراقلىق قىلاتتى . ئۇ چاقچاق ئارىلاش سورىدى :

— ساڭا خەيرلىك بولسۇن ئايشىگۈل ، نېمە سورىماقچى ئىدىڭ ؟

ئايشىگۈل خۇددى ئۆيگە ئوت كەتكەن ئادەمدەك بىرخىل ئەندىكىش ئىچىدە ئاچچىقى بىلەن سۆزلىدى :

— ئۇنداق بولسا قانداق بولغىنى ؟ بولمايدۇ . ئاياغ ئاستىمىزدا دۇنيا چۆرگىلەۋاتىدۇ . ھېچكىمنىڭ خىيالىدا يوق . قاراڭ بۇ كىتابتا ، « بىر كۈندە 140 خىل ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك جىنسلىرى يوق بولۇۋاتىدۇ » دەپتۇ ، ۋاي خۇدايىم ، دۇنيا تېخىچە بۇ يەھلىكىنى بىلمەيۋېتىپتۇ . سوئالىم بۇ مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى ، — دېدى .

قۇلىقى ئاڭلىغان سانلىق مەلۇماتقا ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتقان مەريەم ئەجەبلىنىپ ئايشەمگۈلگە قارىدى :

— سەن ساراڭ بولدۇڭمۇ ئايشىگۈل ! كۈندە 140 خىل ئۆسۈملۈك ۋە جانلىقلار تۈرى يوق بولسا ، بۇ ۋاقىتقىچە ھاياتلىق تۈگىگەن بولاتتى . ئويلاپ باقمامسەن . . . بۇ رەقەمنى 365 كە كۆپەيتسەك . . .

دەرھال قەغەز - قەلەمنى قولىغا ئالغان مەريەم نەتىجىسى ئېيتتى :

— يىلىغا 50 مىڭ بىر تۈر جىنس يوقىلىدىكەن . . بۇ رەقەمنى 50 يىلغا كۆپەيتسەك 2 مىليون 555 بولىدۇ . بۇ مۇمكىن ئەمەس . ئەسلىدە



此为试读，需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

140 ئەمەسمۇ. بەلكىم نۆل ئارتۇق قوشۇلۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. نۆلنى ئېلىۋەتسەك 14 بولىدۇ.

ئايشەگۈل دەرھال بۇ ھېسابنىمۇ چىقاردى.

— توپتوغرا، بۇ رەقەمنى 14 دەپمۇ پەرەز قىلالىلى. ئۇ چاغدا يىلىغا 5 مىڭ 110 خىل ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋان يوق بولىدۇ دېگەن گەپ. بۇمۇ يەنە قورقۇنچلۇق بىر ئىش. دۇنيا يوقىلىۋاتىدۇ، ئەمما بۇ ئىش ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ خىيالىدا يوق.

مەزمۇت خانىم قەتئىيلىك بىلەن ئىنكار بىلدۈرۈپ ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— ياق، ئۇنداق ئەمەسمۇ! بىرنى 14 دەپ سانىغان بولسا كېرەك. خاتالىشىپ نۆلنى ئارتۇق بىرىپ سانىغاندۇ. ئۇ چاغدا ئارقىسىدىكى بىر قالىدۇ.

ئايشەگۈل مەيلىك قىلىپ سورىدى:

— ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالداۋاتىمىز. توپتوغرا، سىزنىڭ دېگىنىڭىزچىمۇ بولسۇن دەيلى، كۈندە بىر خىل ئۆسۈملۈك ۋە بىر خىل ھايۋان يەر يۈزىدىن يوقالسا، يىلدا 365 خىل ئۆسۈملۈك بىلەن ھايۋان يوق بولىدۇ دېگەن سۆز. بۇ سان ئازمۇ؟ بۇلار بەلكى بىزنىڭ ھېسابىمىزدۇر. ئەمەلىيەت ئەمەس. بەلكى بۇ كىتابتا يېزىلغان ئۈچ رەقەمنىڭ ئۆچىلىشى توغرىدۇر. يەنى 140 تۈر يوق بولىدىغاندۇ. توپراقمۇ ئەمەلىيەتتە سۇدا ئېقىپ تۈگەر، يەنە يەلۋە ئىنسانلارلا بۇنى كۆزدە تۇتمايدۇ.

ئايشەگۈل قولىدىكى كىتابنىڭ بەتلىرىدە قالغان بولۇپ، ئۆز-ئۆزىگە توختىماي سۆزلەيتتى:

— دۇنيا ئۆزگىرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم يوق.

مەزمۇت بىر ئاز قايغۇرغان ھالدا جاۋاب بەردى:

— كۆڭۈل بۆلىدىغانلارمۇ بار، ئەمما، ھەركىم ئۆز ئەھۋالى بىلەن بولۇپ كېتىپ، بۇ ئىشلارغا يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتالمايۋاتىدۇ.

ئايشەگۈل بۇ مۇداپىئەگە يەنە ئاچچىقلاندى.

— ھەركىم ئۆز ئەھۋالى بىلەن بولۇپ كېتىپ دېگەن قانداق گەپ

بۇ ؟ ئۇ ئەھۋال ھەركىمگە مۇناسىۋەتلىك ئەمەسمۇ ؟
ھەسەن ھاشىم ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە ئاڭلاۋېتىپ ، ئانىشگۈلنىڭ سۆزلىرىنىڭ نوعرا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ئاپىرىن ئوقۇدى :
— قىز ھەقلىق . بۇ يىللارغا بىز پۈكمەسلىكىمىز لازىم . ئەمما ، ئادەمگەرچىلىك نارغانىسىرى يۇرۇلۇۋاتىدۇ . ئىچىپ قالغان كۆپەلگۈنى سالغان سۈيكە ئوخشاش كارغا كەلمەس بولۇپ قالدى . مۇھىمى ئاۋۋال يۇپراقمۇ ، ئىنسانمۇ ؟ مېنىڭچە ئاۋۋال ئىنسان . ئىنسان بولغاندىن كېيىن بۇ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلىدۇ ئەمەسمۇ ؟ — دېدى .
ئانىسگۈل ئىختىيارسىز ۋارقىراپ كەتتى :
— ئاۋۋال يۇپراق . يۇپراق بولمىسا ، ئىنسانمۇ بولمايدۇ . سىزگە مەن ئەقىل ئۆگەتكۈدەك ئەمەسمەن . ئەمما سىزمۇ بۇلارنى كۆرسىڭىز ياخشى بولاتتى . دەيمەن .
ئانىشگۈل ھەر يۈرسەتتە « ئەروربان » ھەققىدە سۆزلىسىمۇ ، ياشقا ۋەقەلەرگە دۇچ كەلگەندە ئۇمۇ دۇنيانىڭ ئەڭ ۋەھىمىلىك سۆھبەت ئىمىسى « ئەروربان » نى ئۇنتۇيتتى .
بۈگۈنكى كۈن مۇشۇنداق ئۆتتى . ئەتىسى ئۇنۇشمىغا يەنە ھەمـ مەيلەن كەلگەن بولۇپ ، سۆھبەت داۋام قىلدى . بۈگۈن ئانىشگۈل بەك خۇشخۇي . ئەمما مەربەت ئەمكىن ئىدى . چىرايىدا سۇلغۇنلۇق ، ئىز-تىراپلىق ئەكس ئېتەتتى .
بىلقۇن جىرىڭلىغانىدى . ھەممەيلەن بەكلا قارىدى . ئانىشگۈل بىلقۇن ئالغىلى كىتىۋىتىپ سۆزلىدى :
— شۇ تېلېفوننىڭ ئاۋازىنى ئىچىمۇ مەدەنى ، يېقىملىق چىقىدىـ غان قىلىپ ئىشلىسە ئوبدان بولاتتى . ھەرقېتىم تېلېفون جىرىڭلىسا ، مېڭەمنىڭ ھوجەيرىلىرىگىچە قورقىلىپ كېتىدۇ .
ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى ۋە قارشى تەرەپكە :
— مەرھەمەت ، بۇ يەر ئائىلىگە خىرمەت قىلىش ئۇيۇشمىسى ، — دېدى .

قارشى تەرەپتىن بىر ئەرنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى كەلدى :

— ئۇ يەردە ھەسسە دېگەن بىر خوتۇن بارمۇ ؟ بولسا دەرھال چاقىرىۋەت .

ئايشىگۈلنىڭ بۇ مەدەنىيەتسىز قوپال ئادەمگە تازا ئاچچىقى كېلىپ :

— بەي ئەپەندى ، نېمانداق قوپال گەپ قىلىسىز ؟ بىر ئاز سىلىقراق بولسىڭىز قانداق ؟ — دېدى .

— سېنىڭ ماڭا ئەقىل ئۆگىتىشىڭنىڭ لازىمى يوق ، ھەي ، قولۇڭدىكى تېلېفوننى ئۇيۇشما باشلىقىغا بەر . ئاياللارنى يولدىن چىقارغان دېگەن قانداق يولدىكەن ، بىر كۆرۈپ باقاي .

— كەچۈرۈڭ ، نېمەي . سىزگە جەبىر خۇش ، — دېدى ئايشىگۈل ۋە تېلېفوننى قويۇپ ئۇيۇشما رەئىسى ھەسسە خانىمغا قاراپ ، — ھەي ئاچا . . . بۇ يەردە بىر ئائىلىگە خىزمەت قىلىش ئۇيۇشمىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا بىزنىڭ باشقىلارغا تىرەك بولۇش مەجبۇرىيىتىمىز بارمۇ ؟ بەكمۇ ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى .

ھەسسە خانىم بىلەن مەرتىۋە خانىم ئايشىگۈلنىڭ سۆزلىرىگە يى- لىقىپ - يىلىقىپ كۈلدى . ئايشىگۈل چىرايىنى ئۆزگەرتىپ يىلمۇنەك سۆزلەپ كەتتى :

— سىلەر كۈلۈۋېرىڭلار . چۈنكى بۇ خەقلەرنىڭ ئەرەپ - تەپرى- تىگە سىلەر يولۇقمايسىلەر . قانچىلارنىڭ خاتالىقى بولسا ئۇنىڭ تەدبىرى مەن تۆلەيمەن . تېلېفوندا دەردىنى ماڭا تۆكىدۇ . ئەرەپ - تەپرەتلىرىنى ماڭا ياغدۇرىدۇ .

ھەسسە خانىم چاقچاققا ئامراق بولغاچقا ئايشىگۈلنى يەنە گەپكە سالدى :

— ئايشىگۈل ، مەن تېلېفوندا دەردىنى ئالماقچى بولغانلارغا ھېچ توغرا كەلمىدىم . سەن شۇنداق ئىشقا دۇچ كەلدىڭمۇ ؟

— شۇنداق رەئىسىم ، سىز راكلىق قىلىسىڭىز بولىۋېرىدۇ . تېلې- فونغا خاۋات بەرگەنلەرنىڭ بۇ يەردە قانداق مۇئامىلىلەرگە ئۇچرايدىغان- لىقىنى بىلمىگەنلىكىدىن ئۈچۈن . . . ئىنشائاللا ، بۇ قوپال ، تەربىيەسىز

ئادەم يەنە بىر قېتىم تېلېفون قىلىپ قالسا ، ئۇ چاغدا تېلېفوننى دەرھال سىزگە بېرىمەن ، — دېدى ئانىشگۈل .

ئانىشگۈل 25 ياشلاردىكى كېلىشكەن بىر قىز ئىدى . دادىسى پالەچ بولغانلىقى-ئۈچۈن ئۇ قىز خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ ، ئائىلىگە خىزمەت قىلىش ئۇيۇشمىسىغا كىرىپ بۇ يەردە ئىشلەۋاتاتتى . بۇ يەردە ئىشلەۋاتقىنىغا ئەمدى بىر يىل بولغان بولسىمۇ ، ۋەزىپىنى تولىمۇ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئادا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇيۇشما تەرىپىدىن داۋاملىق تەقدىرلىنەتتى ۋە ھەممەيلەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتى . ئۇ ئىشتىن ، سۆزىدىن ھەرگىز ئارمايتتى . ئېغىر - بېسىق ، ئورۇنلۇق ۋە ئاز گەپ قىلىدىغان بىر ياش قىز ئىدى .

تېلېفون قايتا جىرىڭلىغاندى ، ئانىشگۈل دەرھال جاۋاب بەردى :

— مەرھەمەت ، بۇ يەر ئائىلىگە خىزمەت قىلىش ئۇيۇشمىسى .

تۇرۇپكىدىن تېخىمۇ قوپال ئاۋاز كەلدى :

— ھەي ، ماڭا قارا . تېلېفوننى يا ھەسسە دېگەن خالاپىغا بەر ياكى بولمىسا ئۇ يەرگە ئۆزۈم بارىمەن .

ئانىشگۈل بولسا ، دېگەنلىرىم توغرىمىكەن بىر كۆرۈپ بېقىڭ دېگەن ئىما بىلەن ھەبىبە خانىمغا قارىدى ۋە :

— مەرھەمەت ، تېلېفون سىزنىڭ ئىكەن ، — دېدى .

تېلېفوننى ھەبىبە خانىمغا ئۇزاتقان ئانىشگۈل ، ھەسسە خانىمنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ كۆرسى ئۈستىدىن ئۈزمەي قاراپ ئولتۇردى .

ھەسسە خانىم تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ-جاۋاب بەردى :

— مەرھەمەت ، مەن ھەسسە .

قارشى تەرەپتىكى ئادەمنىڭ ئاۋازى ھەممەيلەنگە ئاڭلاندى :

— ھەي خوتۇن ، ماڭا قارا . ئاياللىرىمىزنىڭ ئۈستىدىن قولۇڭنى تارت . بولمىسا قولۇڭنى چېقىۋېتىمەن . نېمە بۇ ھەي ! سەندىن كۆرۈۋاتقانلىرىمىز ؟

ھەسسە خانىم ھېچ ئىش بولمىغاندەك سورىدى :

— سىز كىم بولىسىز بەي ئەپەندى . نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى ؟

— مەن ھەجەرنىڭ ئېرى بولىمەن.
— قايسى ھەجەرنىڭ بەي ئەپەندى؟
— ھەي، ئۇلا بەي ئەپەندى، بەي ئەپەندى دەپ كاللامنى قاي-مۇقتۇرۇپ، ھەجەرنى تونۇماس بولۇۋالما. مېڭەمدىن بۇنى چىقىۋالدۇ-قۇمۇ! سېنىڭ سەۋەبىڭدىن ئۆيدە خاتىرجەملىك قالمىدى. سېنىڭ دەردىڭدىن ئانامنى ئۈچ قېتىم ئۇردۇم.
— مەن ئەيىبلىكمۇ؟ مەن نېمە گۇناھ قىپتىمەن؟
ھەبىبە خانىمنىڭ كۆزى ئايشىگۈلنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئايشىگۈل «خوپ بولدىمۇ» دېگەندەك مەنىدە قولىنى كۆكسىنىڭ ئۈس-تىگە كۆتۈردى.
ھەبىبە خانىم تېلېفوندا ھېلىقى ئادەمگە «توختاپ تۇرۇڭ» دەپ قويۇپ ئايشىگۈلگە قاراپ:
— نېمە قىلغىنىڭ ئايشىگۈل، مەندىن ئىنتىقام ئېلىۋاتقان ئوخ-شىمامسەن؟ — دېدى.
— دەل شۇنداق.
— سەن بىلەن كېيىن سۆزلىشىمەن، — دېدى، ئاندىن تېلې-فوندىكى سۆھبەتنى داۋام قىلماقچى بولغان ھەبىبە خانىم يەنە بەكمۇ سىپايىلىك بىلەن قارشى تەرەپنى سورىدى:
— ھەراست، مەن سىزگە نېمە قىلدىم، سۆزلەپ باقمامسىز؟
— بەنە نېمە قىلساڭ بولاتتى! مەن ئانامنى نەچچە يىلدىن بېرى ئانا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتمىگەنىدىم. ئانام مېنىڭ گېپىمدىن چىق-مايتتى. سەن تېلېفونلىرىڭدا «ئەگەر ئەر روخسەت بەرگىلى ئۇنىمىسا، ئا-ياللار ئەرلىرىنىڭ روخسىتىسىز ئانا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋەرسە بولىدۇ» دەپسەن. ھەي، سەن بۇنداق پەتىۋالارنى چىقىرىدىغان كىم ئىدىڭ؟ ئاللا: «ئايال ئېرىنىڭ روخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ، دادىسىنىڭ ئۆلۈمىگىمۇ بارالمايدۇ» دېمىگەنمىدى؟ — دېدى ئەر تېخىمۇ قوپاللىق بىلەن.
— دەردىڭىزنى ئەمدى چۈشەندىم. ئۇنى مەن تېلېفوندا ئەمەس، ئايرىم سۆزلەشكەندە دېگەنىدىم. بەنە سىز دېگەندەك گەپلەرنى ئاللا

ھېچقاچان دېمىگەن . ئۆزگىرىشلىك چۈشەنچىسى ئاللانىڭ ئىسىملىرى
قاتارىغا قوشۇۋالسىڭىز بولمايدۇ . دېمىسىمۇ ئۆز كۆز قاراشلىرىمىزنى بە-
لىگىلەپ تۇرۇپ مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالدۇق . ھەممە ئىش ئۆز لايىقىدا بول-
غىنى ياخشى بەي ئەمەسمىدى . ئەسلىدە ئاللانىڭ ئەرنىڭ رۇخسىتىسىز
بارالمايدىغان يەرلىرىمۇ بولۇپ قالدۇ . ئەمما بۇ قائىدىلىرىمىز دېگەن-
گىردەك بولماسىن ئۆز يولى بىلەن بولدۇ . ئىسلام قائىدىلىرىنى ئۆزگەر-
گىرىشنىڭ خاھىشىغا ئۇيغۇنلاشتۇرالمايسىز . شۇنىڭغا ھەقفىكىر بوي .
— سەن نېمە مېنىڭ ئىشىمدىن يۇناق خىيىرلىۋاتامسەن ؟ ھەي ،
خوتۇنۇمنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى ئۆزگەرمەكچىمۇ ؟ ئۇ يەنە ئانا-
ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بارامدۇ ؟
— ئۇ ئۆزگەرمەكچى بولغان نەرسە مېنىڭ پىكرىم ئەمەس ،
ئىسلام دىندا شۇنداق دېيىلگەن بولسا ، مەن ئىسلام دىنىنى ئۆزگەرتەل-
مەيمەن .
— سېنىڭ ئىسلام دىنىڭ خوتۇنلار تەرەپدارىمۇ ؟
— ئاللانىڭ تەرەپدارى . ئەگەر خاتالاشمىغان بولسام ، سىز كال-
لىڭىزغا ئورنىتىۋالغان ئىسلام دىنى ئەركەكلەر تەرەپدارى ئىكەن ،
شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ كىشى سىزنىڭ قېرىنداشلىرىڭىزغا كۆيۈنگىنىڭىز سىزنى
كۆرگىلى كېلىشكە رۇخسەت قىلمىغاندا ، بۇنى خۇشسىپ قالىسىز .
— نېمە ؟ مېنىڭ قېرىمغا مېنى كۆرگىلى كېلىشكە رۇخسەت قىل-
مايدىغان دەۋر نېچچى دۇنياغا كەلمىدى .
— شۇنداقمۇ ، كۆيۈنگىنىڭىز سىز قىلغانىڭىز دەل ئۆزىنى قىلدۇ .
بۇنى ئۇ ئاللا شۇنداق دېگەن دېسە ، قانداق قىلىسىز ؟ سىزگە ياخشى
خۇشەنچىلەر بىلەمەن بەي ئەمەسىدى . مېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىم
بۈگىندى .
ھەسەن خاسىم بىلىنىۋىسى قويۇپ ئائىشەگۈلگە قارىدى . ئائىشەگۈل
ئاچچىق ئارىلاش كۈلدى ۋە :
— قانداق ؟ كۆرگەنسىز ئاكا . مەن ھەر كۈنى مۇشۇنداقلار بىلەن
ئۇچرىشىمەن . سىزنى ئارام قىلماي دەپ ، ئۇلارغا گەپ سىڭدۈرۈپ
بولالماي تىنىم قالىدۇ . ئەمما سىز بۇنى چۈشەنمەيسىز ، — دېدى .


此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com